# سەدىقە پىتىر بېرىلىدىغان ۋاقىت قايسى؟

[ئۇيغۇرچە]

# وقت إخراج زكاة الفطر

[باللغة الأويغورية]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتىتى

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# سەدىقە پىتىر بېرىلىدىغان ۋاقىت قايسى؟

37636-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

سەدىقە پىتىر بېرىلىدىغان ۋاقىت روزا ھېيت كۈنىسى ھېيت نامىزىدىن كېيىن باشلىنىپ كەچ كىرگىچە داۋاملىشامدۇ؟

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

سەدىقە پىتىر بېرىلىدىغان ۋاقىت روزا ھېيت كۈنىسى ھېيت نامىزىدىن كېيىن باشلانمايدۇ، بەلكى رامزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ، بۇ شەۋۋال(روزا ھېيت كېچىسى) ئېيىنىڭ ئەۋۋەلقى كېچىسى ھېسابلىنىدۇ، روزا ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشكە بۇيرىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىتىر سەدىقىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "روزا تۇتقۇچىنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە كەپپارەت، مىسكىنلەرگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سەدىقە پىترىنى پەرز قىلدى. كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلسا ئۇ قوبۇل قىلىنغان سەدىقە پىتىردۇر. ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئادا قىلسا ئۇ سەدىقىلەردىن بىر سەدىقىدۇر" (ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارۇ قۇتنى، ئەلھاكىم)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن رامىزاندىن تارتىپ سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلدى ...». ۋە « ساھابىلار سەدىقە پىتىرنى روزا ھېيتتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى» دېگەن ئەسەرلەرگە ئاساسەن سەدىقە پىتىرنى ھېيتتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بەرسە ياخشىراق. كىمكى بۇنى ۋاقتىدا بەرمەستىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرىدىكەن ئۇ كىشى خاتالاشقان بولىدۇ، كېچىكتۈرۈپ قويغىنىغا ئاللاھدىن كەچۈرۈم تىلەپ دەرھال كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈشى كېرەك.

ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كۇمىتىتىنىڭ پەتىۋا مەجمۇئەسىدىن ئىلىندى.